# 10455 - چوڭ ۋە كىچىك جىھاد توغرىسىدا

## سوئال

چوڭ جىھاد دېگەن نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىشمۇ ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەر بىلەن ئەمەلىي جىھاد قىلىشمۇ؟، بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەلمەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭپەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامبىر قېتىملىق غازاتتىن قايتقاندا، ساھابە كىراملارغا: «بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتتۇق،دېۋىدى، ساھابىلار: كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشقېلىشتىنمۇ كاتتا جىھاد بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەئە، بار،ئۇ بولسىمۇ نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش،» دېيىدەپ رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىسپەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغانسەھىھ ھەدىس ئەمەس.

ھەقىقەتەننەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشتىنئىلگىرى تۇرىدىغانلىقىدا ھېچ شەك-شۈبھە يوق. ئىنسانئۆز نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلماستىن كاپىرلارغاقارشى جىھاد قىلالمايدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ تەبىئىتجاپا-مۇشەققەتنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ توغرىدائاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿كُتِبَ عليكم القِتَالُ وهو كُرْهٌ لَكُمْوعَسَى أن تكرهوا شيئا وهو خيرٌ لكم وعسى أنْ تحبوا شيئا وهو شرٌ لكم والله يعلموأنتم لا تعلمون﴾تەرجىمىسى:«سىلەرگە جىھاد پەرزقىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر،سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلارمۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈنپايدىلىقتۇر. سىلەر بىرەر نەرسىنىياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇسىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگەنېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ،سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن)ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار.»[سۈرە بەقەرە 216-ئايەت].

دۈشمەنگە قارشى جىھادقىلىش پەقەت نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىشنەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان بولۇپ، نەپسى جىھادقارازىمەنلىك بىلەن بويسۇنىدىغان ھالەتكەكەلگەندە ئاندىن روياپقا چىقىدۇ. [شەيخ ئىبنىئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ مىنارۇلئىسلام پەتىۋالىرى2-توم 421-بەت].

ئىبنى قەييىمرەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "جىھادتۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. نەپسى بىلەن جىھادقىلىش. شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش. كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش.مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىلىش.

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشبولسا: نەپسنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلەشئۈچۈن يېتەرلىك بىلىم ئىلىشقا تىرىشچانلىقكۆرسۈتۈش، تەلىم ئالغاندىن كېيىنئۈگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىش، كىشىلەرنىدىنىغا چاقىرىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشىولىدا دۇچ كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىق ۋەمۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلىش قاتارلىقلاردىنئىبارەتتۇر.

شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش بولسا:شەيتاننىڭ ئىنسانغا تۇرلۇكشەك-شۈبھىلەرنى پەيدا قىلىشىغا، ئىمان ۋەئەقىدىگە زىت بولغان ئىككىلىنىشنى پەيدا قىلىشىغا،نەپسى-شەھۋەت بۇزۇقچىلىققاتۇرتكە بولىدىغان پىتنىلەرگە قارشى تۇرۇشتىنئىبارەتتۇر.

كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىش بولسا: قەلبى بىلەن، تىلى بىلەن، ملىبىلەن ۋە نەپسى بىلەن بولىدۇ. كاپىرلارغاقارشى جىھاد ئاساسەن قولى بىلەن بولىدۇ. مۇناپىقلارغاقارشى جىھاد تىلى بىلەن ئاغزاكى، تەشۋىقاتۋە قارشى تۇرۇشۋە رەددىيە بېرىش بىلەن بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ يەنەمۇنداق دەيدۇ: تۆت تۈرلۈك جىھادنىتولۇق ئادا قىلغان كىشى ئەڭ مۇكەممەل ئىنسانھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ جىھاد قىلىش دەرىجىسىنىڭئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھتائالانىڭ ھوزۇرىدىكى ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ."[زادۇل مەئاد 3-توم 9-12-بەت].

ھەممىدىن توغرىنىبىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.